# 1037 ـ ئەر-ئايال بىرلىكتە ئىسلامغا كىرسە، ئۇلارغا قايتىدىن نىكاھ قىلىنمايدىغانلىقى توغرىسىدا

## سۇئال

ئەر-ئايال بىللە يېڭىدىن مۇسۇلمان بولسا، ئۇلارغا قايتىدىن يېڭىلاپ نىكاھ ئوقۇش ۋاجىب بولامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

ئىبنى قۇدامە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «كاپىرلارنىڭ ئۆز ئېتىقادى بويىچە قىلغان نىكاھ ئەھدىلىرىمۇ توغرا بولىدۇ، ئەگەر ئەر-ئايال كاپىر بىرلىكتە مۇسۇلمان بولسا، ئۇلارنىڭ ئەسلىدىكى نىكاھى ئېتىراپ قىلىنىدۇ، ئۇلارنىڭ نىكاھىنىڭ ئىلگىرى قايسى شەكىلدە، قانداق ھالەتتە ئىلىپ بارغانلىقى نەزەرگە ئېلىنمايدۇ، ئۇلار ئۈچۈن مۇسۇلمانلارنىڭ نىكاھىدا شەرت قىلىنغان ۋەلى، گۇۋاھچىلار، قىز-يىگىت ئىككى تەرەپنىڭ ئالدىم-تەگدىم دەپ جاۋاپ بېرىشى قاتارلىق بىر تۈرلۈك شەرتلەر بېكىتىلمەيدۇ، بۇ توغرىدا مۇسۇلمان ئالىملىرى ئارىسىدا ئىختىلاپ يوقتۇر.

ئىبنى ئابدۇل بەر رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "ئىسلام ئالىملىرى: ئەگەر كاپىر ئەر-ئايالالار بىرلا ۋاقىتتا مۇسۇلمان بولسا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا نىكاھنى چەكلەيدىغان ئىملدەشلىك ۋە نەسەپ تۇغقانچىلىقى بولمىسا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىلگىرىكى نىكاھى بويىچە ياشاۋېرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە نۇرغۇن كىشىلەر مۇسۇلمان بولدى، ئۇلارنىڭ ئاياللىرىمۇ مۇسۇلمان بولدى، ئۇلار ئەسلىدىكى نىكاھى بويىچە ئەر-ئايال بولۇپ ياشاۋەردى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلاردىن نىكاھنىڭ شەرتلىرى ۋە قانداق ھالەتتە نىكاھ قىلغانلىقلىرىنى سورىمىدى، بۇ كۆپ كىشىلەر بىرلىككە كەلگەن مۇتەۋاتىر دەرىجىسى بىلەن بىلىندى، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىش ئەڭ ئىشەنچلىك بولدى".

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.